# باشقا كۈن چۈشكەندە ياردەم بېرىپ، قىيىن ئۆتكەلدىن بىرلىكتە ئۆتۈش

## —— «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك مۇلاھىزىنىڭ بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىش قىسمى

### جۇڭگو ئىقتىسادىنى يېقىندىن كۆزىتىش

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى يۈ جيۈيۈەن، ليۇ خۇڭشيا، شىن چىك

تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مىسلىسىز زەربە ئېلىپ كەلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ئايلىنىشى تەدرىجىي نورماللىشىشقا يۈزلەندى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى تېز ئەسلىگە كەلدى.

يېقىندا ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىش تەكىتلىنىپ، كىچىك كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا كۈچەپ ياردەم بېرىپ، يۆلەپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش تەلەپ قىلىندى.

### سىياسەت «بىرىكمە مۇشت»نى ئېتىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ بېسىمىنى يېنىكلىتىش

«سىزنىڭ 5175 نومۇرلۇق ھېساباتىڭىزغا 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سائەت 18دىن 14 مىنۇت ئۆتكەندە 20 مىڭ 194 يۈەن كىرىم بولدى...» بۇ يان تېلېفون قىسقا ئۇچۇرىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، جېجياڭ ئۆلكىسى سىشى شەھىرى شۇەيلىن تازىلىق سايمانلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى پەن دېچۈەن ئالايىتەن تېلېفون قىلىپ سۈرۈشتۈرۈپ، ھېساباتقا تاسادىپىي كىرگەن بۇ پۇلنىڭ ئەسلىدە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مۇشۇنداق قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، تېجىگىلى بولسىلا بىر پۇڭنىمۇ تېجەش كېرەك، ھۆكۈمەت تۈرلۈك ئامال بىلەن بىزگە ياردەم بېرىۋاتىدۇ، ناھايىتى تەسىرلەندىم».

«يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، دۆلەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بەش تۈركۈمدىكى 23 تۈرلۈك باج ـ ھەق ئېتىبار سىياسىتىنى يولغا قويدى» دېدى دۆلەت باج ئىشلىرى باش ئىدارىسى باج تاپشۇرۇش مۇلازىمىتى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، 1 ـ دەرىجىلىك كۆزەتكۈچى خەن گورۇڭ 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا.

يولغا قويۇلغان ھەربىر سىياسەت بازار سۇبيېكتىغا ھەقىقىي نەپ ئېلىپ كەلدى. ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 2 ـ ئايغىچە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كېمەيتىلگەن، تۆۋەنلىتىلگەن باج ـ ھەق جەمئىي 402 مىليارد 700 مىليون يۈەن خەلق پۇلى بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە 2020 ـ يىلى يېڭىدىن يولغا قويۇلغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قوللايدىغان باج ـ ھەق ئېتىبار سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن كېمەيگەن، تۆۋەنلىگەن باج ـ ھەق 158 مىليارد 900 مىليون يۈەن، 2019 ـ يىلدىكى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدىكى باج كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى بۇ يىل داۋاملىق يولغا قويۇشتىن شەكىللەنگەن كېمەيگەن، تۆۋەنلىگەن باج ـ ھەق 243 مىليارد 800 مىليون يۈەن بولدى.

پۇل مۇئامىلە ئېقىن سۈيى ئەمەلىي ئىقتىساد، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغىمۇ ئۈزۈلۈكسىز ئاقتى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللاش ئۈچۈن، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى ئۈچ قېتىم تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، تەكرار قەرز بېرىش، تەكرار دىسكونت قىلىش ئارقىلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى 3 تىرىليون 550 مىليارد يۈەنلىك تۆۋەن تەننەرخلىق مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ، بارغانسېرى كۆپ كىچىك، ئۇششاق كارخانىنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشىگە مەدەت بەردى.

جۇڭگو خەلق بانكىسى پۇل سىياسىتى مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى سۈن گوفېڭ مۇنداق دېدى: 300 مىليارد يۈەنلىك مەخسۇس تەكرار قەرز پۇلنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا بېرىلدى، 500 مىليارد يۈەنلىك تەكرار قەرز بېرىش، تەكرار دىسكونت قىلىش سىياسىتى مۆلچەرلىنىشچە 500 مىڭدىن ئارتۇق كارخانىغا مەدەت بېرىدۇ، ھالبۇكى، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن 1 تىرىليون يۈەنلىك تەكرار قەرز بېرىش، تەكرار دىسكونت قىلىش سىياسىتى مۆلچەرلىنىشچە 2 مىليوندىن ئارتۇق كارخانىغا مەدەت بېرىدۇ.

سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشچە، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشىغا ئەگىشىپ، مەملىكەت بويىچە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېز ئالغا سىلجىتىلغان. كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش باشلاش نىسبىتى 99%كە يەتكەن، خادىملارنىڭ ئىش ئورنىغا قايتىش نىسبىتى 94%كە يەتكەن. پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 91.39%كە يەتكەن، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 84%كە يەتكەن.

### ئىچكى ماھارەتنى ياخشى مەشىق قىلىپ، بوران ـ چاپقۇنغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش

بېيجىڭ ۋاڭفۇجىڭدا تىجارەت قىلىۋاتقىنىغا 11 يىل بولغان «فۇخۇي سيۇەن» گۆشسىز تائاملار ئاشخانىسى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قايتىدىن تىجارەت باشلىدى. «ئاشخانىمىز ئىككى ئايدىن ئارتۇق تىجارەت قىلمىدى، كىرىم قىلمىدى، ناھايىتى زور بېسىمغا دۇچ كەلدۇق.» باش دىرېكتور تۇڭ فېڭلىڭ مۇنداق دېدى: ھېلىمۇ ياخشى دۆلەت ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق قوللاش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، شىركىتىمىزنى «يەڭگىل جابدۇنۇپ جەڭگە ئاتلىنىش» ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ سانىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى زور بولۇپ، نەچچە يۈز مىليون كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىزراق. بۇ، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، جەزمەن ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تۈگۈننى چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك سىياسەتنى تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخى ۋە ئۆي ئىجارە ھەققىنى تۆۋەنلىتىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا كۈچەپ ياردەم بېرىپ، يۆلەپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىن دېرەك بېرىدۇ.

قىيىن ئۆتكەلدىن بىرلىكتە ئۆتۈشتە، كەڭ بازار سۇبيېكتلىرى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، سىياسەتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، ئىچكى ماھارەتنى ياخشى مەشىق قىلىپ، بوران ـ چاپقۇنغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جايلارمۇ يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

شېنجېن شەھىرى يېقىندا تەدبىر چىقىرىپ، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلىنىڭ تەتبىقلىنىش ئوبيېكتىنى شېنجېندىكى بارلىق ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرگىچە كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نۇقتىلىق يۆلەش ئوبيېكتلىرىنىڭ قارشى كېپىللىكىنى كەچۈرۈم قىلىپ، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ئىلتىماس قىلىش شەرتىنى تۆۋەنلەتتى، شۇ يىلى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سانى كارخانىدا ھازىر ئىشلەۋاتقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانىنىڭ مەلۇم نىسبەتكە يەتسە، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 5 مىليون يۈەن قەرز پۇل ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. شەخسلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇل سوممىسىمۇ 300 مىڭ يۈەندىن 600 مىڭ يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

تاشقى ئىقتىساد ـ سودا كارخانىلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە پائال تاقابىل تۇرۇشىغا كۈچ قوشۇپ، كەسپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىنى پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شاڭخەي شەھىرى يېقىندا «ئىناۋەت سۇغۇرتىسى+ بانكا + كېپىللىك» مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېكسپورت ئىناۋەت سۇغۇرتىسى ۋە سىياسەت خاراكتېرلىك مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىك مەبلىغىنىڭ ئىناۋەت ئاشۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بانكىنىڭ ئىناۋەتلىك قەرز پۇل تارقىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تاشقى سودا كەسپ زەنجىرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە كۈچ قوشتى.

### مۇھىتنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تۇپرىقىنى ياخشىلاش

سودا ـ تىجارەت مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ زۆرۈر ھالقىسى.

ھازىر، دۆلىتىمىز «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان سودا ـ تىجارەت مۇھىتىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، «ھەرقانداق تەلەپنى قاندۇرىدىغان، ئىش بولمىسا ئاۋارە قىلمايدىغان» كەيپىياتنى تىرىشىپ يارىتىۋاتىدۇ.

مالىيە مىنىستىرلىقى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ مۇنۇلارنى ئايدىڭلاشتۇردى: يۈرۈشۈشى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتىشقا بولىدۇ. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى يېڭىدىن تارقاتقان ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىشى كېرەك. قەرز پۇل بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئېلېكترونلۇق تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، پۈتۈن مۇساپىدە توردا بېجىرىش تەدرىجىي يولغا قويۇلىدۇ.

سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشچە، 2019 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «بانكا بىلەن باج ھەمتۇرتكە بولغان» قەرز پۇلنىڭ سانى ئالدىنقى تۆت يىلنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ يىل بىرىنچى پەسىلدە تارقىتىلغان «بانكا بىلەن باج ھەمتۇرتكە بولغان» قەرز پۇل 750 مىڭ قېتىمغا يېتىپ، 2019 ـ يىلدىكىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ، قەرز پۇل سوممىسى 181 مىليارد 630 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 22.3% ئاشقان.

دۆلەت باج باش ئىدارىسى بىلەن بانكا ـ سۇغۇرتىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى يېقىندا بىرلىشىپ ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، «بانكا بىلەن باج ھەمتۇرتكە بولۇش»تىن مەنپەئەتلىنىدىغان كارخانىلارنىڭ دائىرىسىنى باج تاپشۇرۇش ئىناۋىتى M دەرىجىلىك كارخانىلارغىچە كېڭەيتىش ئاساسىدا، خۇبېي قاتارلىق يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئېغىر ئۇچرىغان رايونلارغا قارىتا، بانكىچىلىق، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن ئۆزىنىڭ خەۋپ ـ خەتەرنى كونترول قىلىش تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەدرىجىي ھالدا باج تاپشۇرۇش ئىناۋىتى C دەرىجىلىك كارخانىلارغىچە كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «بانكا بىلەن باج ھەمتۇرتكە بولۇش»تىن مەنپەئەتلىنىش دائىرىسى كارخانىدىن ھەرقايسى ئۆلكىلىك باج ئىشلىرى ئورگانلىرىنىڭ باج تاپشۇرۇش ئىناۋىتىنى باھالاش سىناق نۇقتىسىغا كىرگۈزۈلگەن يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگىچە كېڭەيتىلىدۇ.

چەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلارغا قارىتا، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى يۈەن دا مۇنداق بىلدۈردى: چەت ئەل مەبلىغىدىكى تۈرلەر ۋە كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يەنىمۇ تۈرتكە بولۇپ، كارخانىلارغا ياردەم بېرىش تۈرلۈك سىياسىتى ئىچكى ـ تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىغا باراۋەر تەتبىقلىنىدۇ؛ 2020 ـ يىللىق چەت ئەل مەبلىغى ئىجازەتنى سەلبىي تىزىملىكى چىقىرىلىپ، چەت ئەل مەبلىغى ئىجازىتى يەنىمۇ قويۇۋېتىلىدۇ.

يۈەن دا يەنە مۇنداق بىلدۈردى: دۆلەت 2020 ـ يىللىق چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىش كەسپ مۇندەرىجىسىنى ئېلان قىلىدۇ، ئىلھام بېرىش دائىرىلىرى كۆپەيتىلىدۇ، ئازايتىلمايدۇ؛ مۇھىم، زور چەت ئەل مەبلىغى تۈرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋاملىق ياخشى تۇتۇلىدۇ؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش قانۇنى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش نىزامى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇنىڭ ئىچىدە جولاڭ شىنجاڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنسازلىق چەكلىك شىركىتى، ئالاھىدە ترانسفورموتور شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە پاي شىركىتى، شەنشى ئاپتوموبىل گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت ئۈچ كارخانا ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئېشىشنى ساقلىغان. 1 ـ پەسىلدە نۇقتىلىق كۆزىتىپ ئۆلچىگەن 12 خىل ئاساسلىق مەھسۇلات ئىچىدە بەش خىل مەھسۇلات ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئاشقان، بۇلار ئايرىم ـ ئايرىم توقۇمىچىلىق مەخسۇس ئۈسكۈنىسى، پولات ئۆزەكلىك ئاليومىن ئەشمە سىم، تېرىقچىلىق ماشىنىسى، شامال گېنېراتورى، سودا ئاپتوموبىلىدىن ئىبارەت.

«ئاپتونوم رايوننىڭ جابدۇق ياسىمىچىلىقىدىكى نۇقتىلىق ئالاقىلىشىدىغان 30 كارخانىنىڭ 3 ـ ئايدا ئورۇندىغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 310 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 52% ئاشتى، 2 ـ ئايدا ئورۇندىغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىگە سېلىشتۇرغاندا 15 ھەسسىگە يېقىن ئاشتى، 3 ـ ئايدا جاسارەت بىلەن يېتىشىۋېلىش ئارقىلىق، 1 ـ پەسىلدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تەدرىجىي قويۇپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايوندا تىرىليون يۈەنلىك مۇھىم، زور ئۇل تۈرلەرنىڭ قوزغىتىلىشى كارخانىلارغا يېتەرلىك زاكاز ئېلىپ كەلدى.» ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى جابدۇق سانائىتى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى جاڭ شياۋچۈەننىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەۋزەللىككە ئىگە يېڭى ئېنېرگىيە جابدۇقلىرىنىڭ ئېشىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ساھە مەھسۇلات قىممىتى ئېشىش سۈرئىتىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئاساسلىق ئامىل بولۇپ قالغان.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

5500 مو چېلان سودا بازىرى، توڭلىتىش ئىسكىلاتى ھەم مۇناسىۋەتلىك ئەسلىھەلەر قۇرۇلدى؛ بېيجىڭ چيۇشى يېزا ئىگىلىك پاي چەكلىك شىركىتى بىلەن خوتەن ھەم قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۈچەي ئاقسىلى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پىلانلاپ، تېخىمۇ كۆپ يەرلىك ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى... 2019 ـ يىلى شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ جۇڭتەي گۇرۇھى دېيىلدى) «ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تەشكىللەش بويىچە ئىلغار يارىتىش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭتەي گۇرۇھى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر ۋاڭ خۇڭشىنغا ئايانكى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا، جەزمەن ئىشلىگەنسېرى جاسارەتلىك بولۇپ، نامرات ئاممىنى يېتەكلەپ، بېيىشنىڭ تېخىمۇ كۆپ يېڭى يولىنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

يەنە نۇرغۇن كارخانا ساھەسىدىكى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ھەرىكەت قىلماقتا.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن لىدىرى، جۇڭگو بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش گۇرۇھى شىنجاڭ بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى خۇاڭ كېسى گۇرۇھقا باشلامچىلىق قىلىپ، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى تەربىيەلەش جەھەتتە ھەقىقىي كۈچ چىقاردى. تەربىيەلىنىش ئارقىلىق بىناكارلىق كەسپىي ماھارەتنى بويىچە تەربىيەلەشتە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئايلىق مائاشى 3000 يۈەندىن كۆپرەككە يېتىدۇ، باشقۇرۇش ئورنىغا كىرگەنلەرنىڭ ئايلىق مائاشى 6500 يۈەنگە يېتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو نېفت ـ تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتىنىڭ باش دىرېكتور ياردەمچىسى چېن شىنفا كۆپ قېتىم قەشقەر ۋىلايىتىگە بېرىپ، كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى چۆرىدەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، شەكىللەندۈرگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى جۇڭگو نېفت ـ تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى پىكىر يولى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولدى: مەبلەغ سېلىنما سالمىقى تېخىمۇ زور بولدى، تۈر تاللاش تېخىمۇ دەل جايىدا بولدى، نامراتلارنى يۆلەشنى باشقۇرۇش مېخانىزمى تېخىمۇ مۇكەممەل بولدى، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسى تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى.

خەلق تۇرمۇشىغا رىشتە باغلاندى، خەلق قەلبى ئىللىتىلدى. تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى قوللىغان يەنە تۈركۈم ـ تۈركۈملىگەن ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكى، كەنت دەرىجىلىك تاشيول، يول چىراغلىرى ئارقىلىق يورۇتۇش قاتارلىق تۈرلەر ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىپ، يۇرتداشلارنى بېيىتتى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈزەللەشتۈردى.

### بىرىنچى سەپكە چۆكۈش ئاممىنى يېتەكلەپ بېيىش يولىغا مېڭىش

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئېتىزدا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدىن پەيزاۋات ناھىيەسى يېڭىمەھەللە يېزىسى ئاياغ لەڭگەر كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى كۆرەش قاۋۇل كەنت ئاھالىسى ئەمەت ئابلىزدىن زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئىلگىرىكى نامرات ئائىلە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەمەت بۇلتۇر ئەينۇلا ئۆستۈرۈپ 150 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى، «بۇنىڭ ھەممىسى كۆرەش شۇجىنىڭ مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ، ماڭا تېخنىكىنى قولمۇ قول ئۆگەتكەنلىكىدىن بولدى. مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلاشقا ئىشەنچىم بار».

كۆرەش زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى ناھايىتى مۇھىم دەپ قارىدى: «ئاياغ لەڭگەر كەنتى بۇلتۇر ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمىگە يەتتى، بۇ يىل بىز كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈشكە داۋاملىق كۈچەپ، ئەينۇلا، ئالۇچىچىلىق كەسپىنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەيمىز».

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، مەكىت ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىن يانتاق يېزىسى دولان يۇرتى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى مېھرىگۈل ياسىن ئۇدا ئىككى يىل كەنتتە تۇردى، دولان يۇرتى كەنتى بۇلتۇر نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقتى، ئەمما ئۇ قىبقىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسىنى تېخىمۇ پۇختىلاشقا بەل باغلىدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى گەن شاڭچۈەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۈەن ـ چاڭلاردا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، بەزى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ باقمىچىلىقتىكى باشقۇرۇش سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەن، باقمىچىلىق كىرىمىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى بايقاپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە قوش تىللىق «شىنجاڭ قوي باقمىچىلىقىدىكى ئەمەلىي تېخنىكا قوللانمىسى»نى قېتىرقىنىپ تۈزۈپ چىقىپ، ھازىرغىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە 14 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق سوۋغا قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى قاتناش ۋە ئەشيا ئوبوروتى قۇرۇلۇش شۆبىسىنىڭ پروفېسسورى، ئاپتوموبىل قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بايەنلياڭ كۆپ قېتىم ئوقۇتۇش ئاپتوموبىلى ۋە توك بىلەن كونترول قىلىنىدىغان موتور ئارقىلىق ئەمەلىي تەربىيەلەش سۈپىتىنى ئېلىپ بېرىپ، مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ يېزىلىرىدا نەق مەيداندا ئۆگىتىپ، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلىدى...

### چارە ـ ئەقىل كۆرسىتىش ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ غەيرەتنى ئۇرغۇتۇش

بۇ يىل 2 ـ ئايدا، شىنجاڭنىڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى كۆچمە مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش سۇپىسى «ئەزالار لىنىيەسى» APPسىدا، كۆپلىگەن «ئەزالار ساداسى» پەيدا بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، يازغۇچى ئاينۇر مەۋلۇت، ليۇ لياڭچېڭ قاتارلىقلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇ تەييارلىقنى پائال تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، نامرات رايونلار ھەم ئەمدىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلارنى ئالاھىدە يۆلەش تەكلىپىنى بەردى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە ساقلانغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە قارىتا، تەكلىپ لايىھەسى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى يېزىپ، «مەسلىھەت بەرگۈچى ئاقىل»لىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن پائال چارە ـ ئەقىل كۆرسەتتى.

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ مۇدىرى جياڭ پىڭئەن كەسىپ ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامرات كەنتلەردە «بىر كەنتتە بىر مەھسۇلات بولۇش»تىن ئىبارەت كەسىپلەرنى ئالغا سىلجىتىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ يەنە مۈلۈك پايدىسى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئالغا سىلجىتىپ، بايلىقنى مۈلۈككە ئايلاندۇرۇش، مەبلەغنى پايغا ئايلاندۇرۇش، دېھقانلارنى پايچىككا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت «ئۈچ ئايلاندۇرۇش» ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم ئامىللىرىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغىتىپ، نامرات ئاھالىلەرنى مۇقىم پايدا تاپاۋىتىگە ئېرىشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى سۈن يۇخۇا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ـ پىششىقلاش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ يەنە ئائىلىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىنى كەسىپلەر تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىش تۈرىگە كىرگۈزۈپ، مۇناسىپ ئىلھام بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، قوللاش تەكلىپىنى بەردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)